# 237728 - بىر كىشى ئۆز ھەمراھىغا: “چىرايلىرىدىن بىزگە خۇرسەنلىك كېلىدۇ” دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سوئال

بىر كىشىگە خۇرسەنلىك يەتكەندە، ھەمراھىغا:"چىرايلىرىدىن بىزگە خۇرسەنلىك چېقىپ تۇرىدۇ"دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، بارلىق ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەگەر بىر كىشى ئۆز ھەمراھىغا: "چىرايلىرىدىن بىزگە خۇرسەنلىك كېلىدۇ" دېگەن سۆزنى ئۇ كىشىنىڭ كېلىشىدىن ياخشىلىقنى مەقسەت قىلىپ دېگەن بولسا توغرا بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا مەلۇم كىشىلەرنىڭ كېلىشى بىلەن ھەممەيلەننى خۇرسەن قىلىدىغان بىر ئىش يۈز بەرسە، كىشىلەر كەلگەن كىشىدىن ياكى، ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ چىرايلىقلىقى، چىرايىنىڭ ئوچۇقلۇقى، خوشپېئىللىقىدىن ياخشىلىقنى مەقسەت قىلىپ دېگەن بولسا، توغرا بولىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **«ھەقىقەتەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر نەرسىدىن بىشارەت ئالمايتتى، بىرەر خىزمەتچىنى بىر يەرگە ئەۋەتمەكچى بولسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى سورايتتى، ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئەجەپلەندۈرسە، ئۇنىڭ بىلەن خۇرسەن بولاتتى، خۇرسەنلىك پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايىدا ئىپادىلىنەتتى، ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ياقتۇرمىسا، ياقتۇرماسلىق چىرايىدا ئىپادىلىنەتتى، بىرەر يۇرتقا كىرسە ئالدى بىلەن شۇ يۇرتنىڭ ئىسمىنى سورايتتى، ئىسمىنى ياقتۇرسا بۇ چىرايىدىن ئىپادىلىنەتتى، ئەگەر ياقتۇرمىسا بۇمۇ چىرايىدىن ئىپادىلىنەتتى»**. [ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى]

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«سىلەر ماڭا ئۇچۇر-ئالاقە ئەۋەتمەكچى بولساڭلار، ئىسمى يېقىشلىق ۋە كېلىشكەن كىشىدىن ئەۋەتىڭلار»**. [بەززار رىۋايىتى4383-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ، سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا 1186-ھەدىستە كەلتۈرگەن].

مەناۋىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئىنساننىڭ ئىسمى ۋە چىرايىدىن ياخشى بىشارەت ئېلىش توغرا بولىدۇ". [تەيسىير 1-توم 57-بەت].

شەيخ ئەلبانىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام چىرايىنىڭ ئوچۇق بولۇشىنى ياخشىلىقتىن بىشارەت دەپ قارىغان".

شەيخ سالىھ پەۋزاندىن: "بىر كىشى ئۆزىنىڭ ھەمراھىغا: سىلىنىڭ چىرايىلىرىدىن بىزگە خۇرسەنلىك نۇرى پارلايدۇ، سىلە كەلگەندىن بىرى سالامەتلىكىم ياخشى بولۇپ، تىجارىتىم روناق تاپتى دېسە توغرا بولامدۇ؟دەپ سورالغاندا، ئۇ كىشى جاۋاپ بېرىپ: "بۇنداق دېسە ھېچ نەرسە بولمايدۇ، بۇمۇ ياخشىلىقنى بىشارەت ئېلىش ھېسابلىنىدۇ، دەيدۇ.

بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن -145596- نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.